# ھەرقانداق مۇسۇلمان ئۈچۈن تۆت كىشى ياخشىلىق بىلەن گۇۋاھلىق بەرسە، ئاللاھ ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ

ئەبۇل ئەسۋەد دېگەن كىشى مۇنداق دېدى: مەدىنىگە كەلگەن ۋاقتىمدا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم، ئۇلارنىڭ يېنىدىن بىر جىنازە ئۆتكەندە، ۋاپات بولغۇچىنىڭ ياخشى گېپى قىلىندى، ئۆمەر: لايىق بولدى،- دېدى، ئاندىن يەنە بىر جىنازە ئۆتكەندە، ئۇنىڭمۇ ياخشى گېپى قىلىندى، ئۆمەر: لايىق بولدى،- دېدى، ئاندىن يەنە بىر جىنازە ئۆتكەندە، ئۆلگۈچىنىڭ يامان گېپى قىلىندى، ئۆمەر: لايىق بولدى،- دېدى، ئەبۇل ئەسۋەد مۇنداق دېدى: مەن: ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئۇ نېمىگە لايىق بولدى؟ دەپ سورىسام، ئۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەنگە ئوخشاش سۆزنى دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەر قانداق مۇسۇلمان ئۈچۈن تۆت كىشى ياخشىلىق بىلەن گۇۋاھلىق بەرسە، ئاللاھ ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ» دېگەندە، بىز: ئۈچ كىشى بولسىچۇ؟ دېسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۈچ كىشى بولسىمۇ» دېدى، بىز ئىككى كىشى بولسىچۇ؟ دېسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىككى كىشى بولسىمۇ» دېدى، ئاندىن بىز بىر كىشى توغرۇلۇق سورىمىدۇق

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدىن بىر جىنازە ئۆتتى، بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى، ئۇلار جىنازىدىكى كىشىگە ياخشىلىق بىلەن گۇۋاھلىق بەردى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئۇنىڭغا بۇ ئىسپاتلاندى،- دېدى، ئاندىن يەنە بىر جىنازە ئۆتكەندە، ئۇلار ئۇنىڭغا بىرىنچى جىنازىغا ئوخشاش ياخشىلىق بىلەن گۇۋاھلىق بەردى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئۇنىڭغا بۇ ئىسپاتلاندى،- دېدى، ئاندىن ئۈچىنچى جىنازە ئۆتكەندە، ئۇلار ئۇنىڭغا يامانلىق بىلەن گۇۋاھلىق بەردى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئۇنىڭغا بۇ ئىسپاتلاندى،- دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزى ئەبىل ئەسۋەدكە نىسبەتەن چۈشىنىشلىك بولماي، ئۇنىڭ مەنىسىنى بايان قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەندەك دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەرقانداق مۇسۇلمان ئۈچۈن ياخشى، سالىھ تۆت كىشى ئۇنىڭ ياخشى، سالىھ كىشى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇنىڭغا جەننەت مۇقىملىشىدۇ» دېدى، ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ۋاقتىتا: ئۈچ كىشى ياخشىلىق بىلەن گۇۋاھلىق بەرسىچۇ؟ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر ئۈچ كىشى ياخشىلىق بىلەن گۇۋاھلىق بەرسىمۇ، شۇنىڭدەك ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ» دېدى، ساھابىلار: ئىككى كىشى گۇۋاھلىق بەرسىمۇ جەننەت ئەھلىدىن بولامدۇ؟ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىككى ئادەم گۇۋاھلىق بەرسىمۇ ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ» دېدى، بىز ئۇنىڭدىن كىشىلەردىن بىرى ياخشىلىق بىلەن گۇۋاھلىق بەرسىمۇ جەننەت ئەھلىدىن بولامدۇ؟ دېگەننى سورىمىدۇق